# تاتلىق سۇ كەلپىننى ياشناتتى كەسىپلەر ئۈنۈمنى ئۆستۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەلپىن ناھىيەسىدە شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ تاماملىنىشى ھەم رەسمىي ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى «قىرتاق، تۈزلۈق سۇ» بىلەن ئۈزۈل ـ كېسىل خوشلىشىپ، «تاتلىق سۇ دەۋرى»نى باشلىدى.

بىخەتەر «بەخت سۈيى»نى ئىچكەندىن كېيىن، كەلپىندىكى ئامما سۇ ئىچىش مەسىلىسىدىن قايتا غەم قىلمايدىغان بولدى، پۈتۈن ناھىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قەدىمى تېزلەشتى، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئومۇميۈزلۈك نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىش ئىشقا ئاشتى.

تاتلىق ئىچىدىغان سۇ كەلپىن ناھىيەسىنىڭ كەسىپ تەرەققىياتىغىمۇ تۈرتكە بولدى. يېتەرلىك يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ ۋە بىخەتەر ئىچىدىغان سۇ كاپالىتى بولغاچقا، كەلپىن ئۈنى، كەلپىن سېرىق ئۆرۈكى، كەلپىن چامغۇرى قاتارلىق كەسىپلەر يەنىمۇ زورايدى.

كەلپىن ناھىيەسى كەيشۈەن گۆش قويى باقمىچىلىقى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىدا، سېمىز ۋە تىمەن قويلار سۇ ئىچىۋاتاتتى. سۇ سۈپىتى ياخشىلانغاچقا، ھەمكارلىق كوپىراتىپىدا بېقىلىۋاتقان قوي كۆپەيدى، قوينىڭ قوتاندىكى سانى ئەسلىدىكى نەچچە يۈزدىن بۈگۈنكى كۈندىكى 4000دىن كۆپرەككە يەتتى.

«سۇ سۈپىتى ئىنتايىن مۇھىم، سۇنىڭ سۈپىتى قوي گۆشىنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ. نورمال ئەھۋالدا، بىر قوي ياكى ئۆچكە ھەر كۈنى بەش لىتىر ئەتراپىدا سۇ ئىچىدۇ. باقمىچىلىق مەيدانى ئىچىدىغان سۇ بىلەن ئاپتوماتىك تەمىنلىگەن ئەھۋالدا، قوينىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. پاكىز سۇ مەنبەسى بولغاچقىلا، ھەمكارلىق كوپىراتىپىمىز نورمال يۈرۈشتى ھەم تەرەققىي قىلىپ زورايدى» دېدى ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى ئابدۇمەننان مىجىت.

كەسىپ گۈللەنسە، يېزا ـ كەنتلەر گۈللىنىدۇ، كەسىپ گۈللەنسە، ھەممە كەسىپ گۈللىنىدۇ. كەلپىن ناھىيەسىدىكى كۆپلىگەن چەت ـ ياقا نامرات كەنتلەردە، شەھەر ـ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە «مەنبە ئېقىن سۈيى» قوشتى.

ئاچال بازىرىنىڭ چىلان كەنتىدە، كەنت ئاھالىلىرى تۇرۇبا سۈيىدە ئۈزۈمنى يۇيۇپ، ئېسىل ھاراق ئېچىشتى.

گەزلىك بازىرىنىڭ گەزلىك كەنتىدە چامغۇر تېرىش ھەممە ئائىلىنىڭ ئەنئەنىسى. چامغۇر شارىلداپ ئاققان ئېقىن سۇدىن ئۇزۇقلىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ «بېيىش مېۋىسى»گە ئايلاندى.

...

بۈگۈنكى كۈندە، ئەلا سۈپەتلىك سۇ مەنبەسى ۋە يېتەرلىك يورۇقلۇق، ئىسسىقلىقتا يېتىشتۈرۈلگەن شۇ جاينىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرى ۋە پىششىقلاش كارخانىلىرىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قوشۇلما قىممىتى زور دەرىجىدە ئاشتى.

# تىجارەت ـ سودا مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۆت تۈردىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئىجازەتنامە بېرىلىدىغان كارخانىلارغا قارىتا «ئاۋۋال ئىجازەتنامە بېرىش، ئاندىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش»نى يولغا قويدى، رايون ئىچىدە ئادەتتىكى كارخانا قۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ۋاقتى «12 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىدىكى 30 نەچچە خىزمەت كۈنىدىن ھازىرقى تۆت خىزمەت كۈنىگە قىسقاردى.

ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى كارخانا قۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىشتە «بىر جەدۋەلدە ئىلتىماس قىلىش، بىر قېتىمدا دەللەش، بىر توردا ھەممىنى بېجىرىش» خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئىش بېجىرىش تەرتىپىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كارخانىلارغا پايدىلىق، خەلققە قولايلىق كۆزنەكلەرنى ئېچىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كۈچەش، بارلىق توساقلارنى تۈگىتىش ئىرادىسىنى نامايان قىلدى.

ئەگەر «بىر توردا ھەممىنى بېجىرىش» ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىدىكى «بىر ئىشىك»نى ئاچتى دېيىلسە، ئۇنداقتا، ئېلېكترونلۇق تىجارەت كىنىشكىسى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنى قوللىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش بۇ ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىپ، مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىكى «بىر قېتىممۇ قاتراتماسلىق» قاتارلىق مۇلازىمەت ۋەدىسىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەھسۇلات بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇۋېتىش، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئىجازەتنامىلىرىنى ئىخچاملاش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش دائىرىسىنى تارايتىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مۇددىتىنى قىسقارتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئەڭ زور چەكتە ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىش، ئىگىلىك تىكلىشىگە قولايلىق يارىتىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، بېسىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان تامغا، مېڭىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان تەرتىپ ئۆتمۈشكە ئايلاندى. بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى تېخىمۇ ئازادە، قولايلىق بازار ئىجازىتى مۇھىتى يارىتىپ، ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىشتىكى «باغلاق بوشىتىلىپ» «توسالغۇلار تۈگىتىلىپ»، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىلدى، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرى يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىش ھالىتى شەكىللەندى. 2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىنغان بازار سۇبيېكتى 2 مىليون 3000غا يېتىپ، 2015 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 79.9% ئاشتى.

### نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى تېخىمۇ ئىلمىيلاشتۇرۇش ئىشكىتىن بىر قېتىم كىرىپ كۆپ ئىشنى تەكشۈرۈش

10 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، سودا نازارىتى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى، يېپيېڭى تەكشۈرۈش ئەندىزىسى كارخانىلارنىڭ بەس ـ بەستە ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«‹ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش› بويىچە تەكشۈرۈشتە، قائىدە ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، تۈرلۈك تەرتىپ ۋە نەتىجىلەر ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇپ، بىزگە ‹خاتىرجەم قىلىش كۆملىچى› يېگۈزدى. بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كۆپ تەرەپتىن نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى بىر قېتىمدا تەكشۈرۈپ تاماملىسا، كارخانىنىڭ نورمال تىجارىتى تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ، بىزنىڭچە، بۇ بەك ياخشى بولدى» دېدى شىنجاڭ يېفېڭ شىنچى ئاپتوموبىل سېتىش مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى دياۋ يۈخې.

بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى، 19 ئەزا ئورۇن ئۆز ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى بويىچە ئارىلاپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازارنى ھەر تەرەپلىمە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. «ئىشكىتىن بىر قېتىم كىرىش، كۆپ ئىشنى تەكشۈرۈش» كارخانىلارنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، ئىلگىرىكى چارلاپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىدىكى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشتا ساقلانغان ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىشتا خەلقنى پاراكەندە قىلىش، قانۇننى خالىغانچە ئىجرا قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەت، تەدبىرلەرگە چېتىلىدىغان يەرلىك قورۇقچىلىق، سودىنى بېكىتىپ بېرىش، بازار توسۇقى قاتارلىقلارنى نۆۋەتلىك تەرتىپكە سالدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە قېلىپلاشقان ھۆججەت ۋە ئالاقىدار سىياسەت، تەدبىردىن جەمئىي 200 مىڭدىن كۆپرەكى كۆرۈپ چىقىلىپ، ئادىل رىقابەتنى چەكلەيدىغان سىياسەت، تەدبىردىن 77سى تۈزىتىلىپ ۋە بىكار قىلىنىپ، تۈرلۈك مۈلۈكچىلىك سۇبيېكتلىرىنىڭ بايلىق مۇھىم ئامىللىرىنى قانۇن بويىچە باراۋەر ئىشلىتىشى، رىقابەتكە ئاشكارا، ئادىل، ھەققانىي قاتنىشىشى، قانۇن تەرىپىدىن باراۋەر قوغدىلىشى ئۈچۈن ياخشى تۈزۈم مۇھىتى يارىتىلدى.

«بۇ يىللاردا ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش ۋە بىكار قىلىش خىزمىتى كارخانىمىزنىڭ يۈكىنى كۆپ يېنىكلەتتى، ئىلگىرى بەزى كەسىپلەرنى بېجىرىش ئۈچۈن بىرمۇنچە ماتېرىيال يوللاشقا توغرا كېلەتتى، ھازىر ناھايىتى ئاددىيلاشتى، مۇھىت تېخىمۇ ئازادىلەشتى» دېدى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى سىستېما كاپالەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى يۈ چۈنلياڭ.

تور بازىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدە بازار باھا تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى يولغا قويۇش، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش «تۆمۈر مۇشت» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش... بىر قاتار «كۈچلۈك يادرولۇق» تەدبىرلەر ئاپتونوم رايونىمىزغا ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەتلىشىدىغان، تەرتىپلىك بولغان زامانىۋى بازار تەرتىپىنى ئورنىتىپ بەردى.

### كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ يۆلەش بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش

بازار سۇبيېكتلىرى ئىقتىسادنىڭ كۈچ ۋاستىسى، بازار سۇبيېكتلىرىنى ياخشى قوغداپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتقاندىلا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئاساسىي كۈچ توپلىغىلى بولىدۇ.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەلالاشتۇرۇپ، «شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ‹13 ـ بەش يىل›لىق تەرەققىيات يىرىك پىلانى» «ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاتارلىق بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، چىقىرىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنى مالىيە، پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارغا بولغان سىياسەت مۇلازىمىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇردى.

بۇلتۇر 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشقا يەنە بىر قېتىم كۈچەپ، «تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىستېمال مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىش، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش»قا ئائىت 30 تۈرلۈك تەدبىرنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، كارخانا، ئاساسىي قاتلام ۋە ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئىنكاس كۈچلۈك بولۇۋاتقان توسۇق نۇقتا، ئاغرىش نۇقتىسى مەسىلىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ھەل قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

بۇ يىلدىن بۇيان، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن زەربىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ساغلام تەرەققىي قىلىشنى قوللاش توغرىسىدىكى 16 تۈرلۈك تەدبىر» قاتارلىق بىر قاتار قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدىغان، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشكە تۈرتكە بولۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ ۋە تەشكىللەپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ بازار سۇبيېكتلىرى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، سىياسەتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، بازار ئۆزگىرىشىگە پائال ئۇيغۇنلىشىپ، بوران ـ چاپقۇنغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئىزچىل كۈچەيتتى.

مەبلەغ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن، شىنجاڭ دېچۇاڭ سانائەت كونترول تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار بويىچە تەربىيەلەش شۆيۈەنى تۈرى بىر مەھەل توختاپ قالغانىدى. ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇ يىل بۇ شىركەتنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇ شىركەتنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتىن پايدىلىنىشىغا ياردەم بېرىپ، بانكىنىڭ 8 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلىغا ئېرىشتۈرۈپ، شىركەتنىڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. «نۆۋەتتە، شۆيۈەن ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇلۇپ بولدى، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ» دېدى بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى يەن جېنخۇا خۇشال ھالدا.

چاڭئى 5 ـ نومۇرلۇقنىڭ ئايغا چارلىشى

# چاڭئى 5 ـ نومۇرلۇق تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تۆۋەنلەتتى ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك قوندى

## ئالدىن تاللانغان رايوندا ئاي يۈزىدىن ئەۋرىشكە ئېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر خۇ جې)** مۇخبىرنىڭ دۆلەت ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائەت 23تىن 11 مىنۇت ئۆتكەندە، چاڭئى 5 ـ نومۇرلۇق تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى ئاي شارىنىڭ ئالدى يۈزىنىڭ غەربىي ئۇزۇنلۇق 51.8 گرادۇس، شىمالىي كەڭلىك 43.1 گرادۇس ئەتراپىدىكى ئالدىن تاللانغان قونۇش رايونىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك قونغان ھەم قونۇش تەسۋىر سۈرىتىنى ئەۋەتكەن.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائەت 22دىن 57 مىنۇت ئۆتكەندە، چاڭئى 5 ـ نومۇرلۇق تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىنىڭ قونۇش ئۈسكۈنىسى بىلەن كۆتۈرۈلۈش ئۈسكۈنىسىنىڭ بىرىكمە گەۋدىسى ئاي يۈزىگە 15 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تۆۋەنلىتىشكە باشلاپ، 7500 نيۇتون ئۆزگىرىشچان ئىتتىرىش كۈچىگە ئىگە موتور قوزغىتىلىپ، تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىنىڭ ئاي شارىغا نىسبەتەن تىك يۆنىلىشلىك سۈرئىتىنى تەدرىجىي ھالدا تەخمىنەن 1.7 كىلومېتىر/ سېكۇنتتىن نۆلگە چۈشۈرگەن.

بۇ ئارىلىقتا، تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى تېز سۈرئەتتە ھالىتىنى تەڭشەپ، ئاي يۈزىگە تەدرىجىي يېقىنلاشقان؛ كەينىدىنلا توسالغۇلارنى ئاپتوماتىك تەكشۈرۈپ ـ ئۆلچەپ، قونۇش نۇقتىسىنى تاللاپ بېكىتكەندىن كېيىن، توسالغۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۆۋەنلەش ۋە سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ تىك تۆۋەنلەپ، ئاي شارىنىڭ ئالدى يۈزىدىكى بوران ئوكيانىغا جايلاشقان لۈمكې تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىدىكى رايونغا سىلىق قونغان. قونۇش جەريانىدا، قونۇش ئۈسكۈنىسىگە سەپلەنگەن قونۇش ئاپپاراتى قونۇش رايونىنىڭ تەسۋىر سۈرئىتىنى تارتقان.

مۇۋەپپەقىيەتلىك قونغاندىن كېيىن، قونۇش ئۈسكۈنىسى يەر يۈزىدە كونترول قىلىنىپ، قۇياش قانىتى ۋە يۆنىلىشلىك ئانتېنناسى ئېچىش قاتارلىق ھالەتلەرنى تەكشۈرۈش ھەم ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، تەخمىنەن ئىككى كۈن داۋاملىشىدىغان ئاي يۈزىدىكى خىزمەتنى رەسمىي باشلاپ ئاي شارىدىن ئەۋرىشكە ئالىدۇ.



12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، بېيجىڭ ئالەم قاتنىشى ئۇچۇشنى كونترول قىلىش مەركىزىدە تارتىلغان چاڭئى 5 ـ نومۇرلۇق تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىنىڭ ئايغا قونۇش جەريانى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جىن لىۋاڭ فوتوسى



12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، بېيجىڭ ئالەم قاتنىشى ئۇچۇشنى كونترول قىلىش مەركىزىدە تارتىلغان ئايغا قونغاندىن كېيىنكى چاڭئى 5 ـ نومۇرلۇق تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جىن لىۋاڭ فوتوسى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)